# ئۆز يۇرتىغا قايتىدىغان كۈنىدە روزا تۇتمىغان كىشى توغرىسىدا

أفطر فى اليوم الذى ينوى فيه الرجوع لبلده

< ئۇيغۇرچە >

## ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمى بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز
**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

38933 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

يۇرتۇمدىن خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن سەپەرگە چىققان ئىدىم، مەن شۇ كۈنى قايتىپ كېلىشىم كېرەك ئىدى، بامدات نامىزىدىن كېيىن كۆزلىگەن جايغا يېتىپ كەلدىم، مېنى كۈتىۋالغانلارغا: مەن بۈگۈن قايتىمەن دەپ پېشىن ۋاقتىدا ئويغىتىپ قويۇشنى، ھاۋالە قىلدىم، پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ماڭا چۈشلۈك تاماق ئېلىپ كەلدى، مەن يېمەك يەپ بولۇپ يولغا چىقتىم، بۇ قىلغىنىم توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سۆزىڭىزدىن رامىزاندا شۇ كۈندە روزا تۇتمىغانلىقىنىڭ ھۆكمىنى سوراۋاتىسىز، شۇنداقلا سىزنىڭ بىر قانچە سائەت  قاتناش ۋاستىسى بىلەن يۈرگەنلىكىڭىزدىن قارىغاندا، ئۆز يۇرتىڭىز بىلەن سەپەر قىلغان جاينىڭ ئارىلىقى يىراق ئىكەن، بۇنداق يول يۈرۈش سەپەر قىلغانلىق دېيىلىدۇ. رامىزاندا سەپەر قىلغان كىشى ئۈچۈن  روزا تۇتماسلىق دۇرۇس بولىدۇ، سىز شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى تۇتىسىز بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ ﴾ تەرجىمىسى: «كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن.» [بەقەرە سۈرىسى 185 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com